سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قانىتى - تاشقىنلىق يىللىرى

باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو ئارزۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم شەرھلىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى (چى شىڭ) پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، 2012 - يىلى 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن لى كېچياڭ، جاڭ دېجياڭ، يۈ جېڭشېڭ، ليۇ يۈنشەن، ۋاڭ چىشەن، جاڭ گاۋلى قاتارلىقلار دۆلەت مۇزېيىغا كېلىپ، «گۈللىنىش يولى» ئاساسىي كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ «گۈللىنىش يولى» كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا «جۇڭگو ئارزۇسى»نى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە شەرھلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، «جۇڭگو ئارزۇسى» پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا يۈكسەك كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر مۇھىم ئىدىيەۋى ئۇقۇم بولۇپ قالدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەربىر ئادەمنىڭ غايىسى ۋە ئىنتىلىشى بولىدۇ، ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بولىدۇ. ھازىر، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى جۇڭگو ئارزۇسىنى مۇھاكىمە قىلىۋاتىدۇ، مېنىڭچە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش دەل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى ئەڭ ئۇلۇغ ئارزۇسى. بۇ ئارزۇغا نەچچە ئەۋلاد جۇڭگولۇقلارنىڭ ئارزۇسى مۇجەسسەملەنگەن، جۇڭخۇا مىللىتى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ھەربىر جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ھەربىر كىشىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. دۆلەت ياخشى بولسا، مىللەت ياخشى بولسا، كۆپچىلىك ئاندىن ياخشى بولىدۇ. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش شەرەپلىك ھەم مۇشكۈل ئىش بولۇپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد جۇڭگولۇقلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ. قۇرۇق گەپ دۆلەت ئىشلىرىنى ئاقسىتىدۇ، ئەمەلىي ئىشلەش دۆلەتنى گۈللەندۈرىدۇ. بىز بۇ بىر ئەۋلاد كوممۇنىستلار چوقۇم ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارنى باشلاپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، پارتىيەمىزنى ياخشى قۇرۇپ، بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزنى ياخشى قۇرۇپ، مىللىتىمىزنى ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش نىشانىغا قاراپ داۋاملىق باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك.

شۇنىڭدىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى كۆپ قېتىم چوڭقۇر شەرھلىدى. جۇڭگو ئارزۇسىنى تەكتلەشنىڭ ئاساسىي ماھىيەتلىك مەزمۇنى دۆلەتنى بېيىتىش، قۇدرەت تاپقۇزۇش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش؛ جۇڭگو ئارزۇسى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا خەلقنىڭ ئارزۇسى، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى دەل بىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىز؛ جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن جۇڭگو يولىدا چىڭ تۇرۇش، جۇڭگو روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، جۇڭگو كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك؛ بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرى بىر مەقسەتتە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك؛ جۇڭگو ئارزۇسى تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىش ئارزۇسى بولۇپ، جۇڭگو خەلقىگە بەخت يارىتىپلا قالماي، بەلكى دۇنيا خەلقىگىمۇ بەخت يارىتىدۇ.

جۇڭگو ئارزۇسى بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورتاق غايىسى، ئىنتىلىشنى جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەپ، دۆلەتنىڭ بېيىشى، قۇدرەت تېپىشى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، خەلقنىڭ بەختكە ئېرىشىشىدەك گۈزەل ئىستىقبالنى جاكارلىدى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يېڭى ماھىيەتلىك مەزمۇن ۋە دەۋر روھىنى قوشتى. جۇڭگو ئارزۇسى ئاللىبۇرۇن پارتىيە رايى، خەلق رايىنى مۇجەسسەملەيدىغان، جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچكە ئايلاندى.

پارتىيە ئىنتىزامى، قانۇن - نىزاملارنى قەلبكە چىڭ پۈكۈش، ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتى ۋەكىللەر كوماندىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋەكىللەر كوماندىسى، تارباغاتاي ۋىلايىتى ۋەكىللەر كوماندىسى، خوتەن ۋىلايىتى ۋەكىللەر كوماندىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى زېھن سىناش مۇسابىقىسى ئاپتونوم رايون بويىچە يېقىندىن تۈزۈتىش كىرگۈزۈلگەن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش نىزامى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رېۋىزىيە قانۇنى»نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم پائالىيەت. ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە «يالغۇز ئاتلىق ئۆتكەلدىن ئۆتۈش» «ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىش» «جەڭدە ئەڭ مۇھىمى چاققانلىق» «قەدەمدە بىر ئىستىھكام قۇرۇش» «ئاخىرقى قارارنى چىقىرىش»تىن ئىبارەت بەش ھالقا تەسىس قىلىندى. مۇسابىقە تېمىسىدا ھەم پارتىيە ئىنتىزامى، قائىدە - نىزاملار جانلىق ئىپادىلەندى، يەنە تىپىك دېلو مىساللىرى چوڭقۇر تەھلىل قىلىندى، ھەم شەكىلدە يېڭىلىق يارىتىلىپ، سۈرەتكە قاراپ ئىنتىزامنى سۆزلەش، قانۇننى سۆزلەش، كارتون، ئېتيۇت، قۇم رەسىم قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق نەق مەيداندا مەسىلە تەسىس قىلىنىپ، ماھىرلار چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە جاۋاب بەردى. مۇسابىقىدە، ھەرقايسى ۋەكىللەر كوماندىلىرى كوللېكتىپىزملىق روھنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، سالماقلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ، ئۆز كارامتىنى كۆرسىتىپ، پۇختا كەسپىي ئاساسىنى نامايان قىلدى. مۇسابىقە نەق مەيداندا ئالقىش سادالىرى ئۈزۈلمىدى، قالتىس، رەڭدار بولدى.

ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تور بېكىتى ۋە «شىنجاڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە» ئۈندىدار ئامما نومۇرى ئارقىلىق نەق مەيداندىن بىۋاستە تارقىتىلدى. تونۇشتۇرۇلۇشىچە، زېھن سىناش مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايون بويىچە تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە 1082 مەيدان دەسلەپكى مۇسابىقە، 17 مەيدان تەكرار مۇسابىقە قانات يايدۇرۇلۇپ، 20 مىڭدىن ئارتۇق ماھىر مۇسابىقىگە قاتناشقان، 200 مىڭدىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسى، كادىر نەق مەيداندا مۇسابىقىنى كۆرگەن، ئورۇن تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىنىڭ بىۋاستە تارقىتىلىشىنى توردا كۆرگەنلەر 562 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتكەن، 200 مىڭدىن ئارتۇق تور ئەھلى ئۆزى قوللىغان ماھىرغا بېلەت تاشلىغان.

شىنجاڭ چوڭتاش جىلغىسى سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشىدا سۇ ئېقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك توسۇلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

چوڭتاش جىلغىسى سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 8 مىليارد 997 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئومۇمىي گېنېراتورلار سىغىمى 750 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، 2026 - يىلى 7 - ئايدا تۇنجى تۈركۈمدە ئىككى گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىدىن توك چىقىرىش پىلانلاندى. بۇ قۇرۇلۇش پۈتۈپ يۇرۇشكەندىن كېيىن، ھەر يىلى تارىم دەرياسىغا 3 مىليارد 420 مىليون كۇب مېتىر ئېكولوگىيەلىك سۇ يەتكۈزۈپ، تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئارقىلىق، ئېقىن رايونىدىكى 8 مىليون موغا يېقىن تېرىلغۇ يەرنى سۇغىرىشقا ئىشلىتىدىغان سۇ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنى توك بىلەن تەمىنلەش قىس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش پىلانلاندى.

چوڭتاش جىلغىسى توسمىسى سەنشىيا سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى توسمىسىدىن 62 مېتىر ئېگىز بولۇپ، توسمىدىن تۆۋەن ئېقىندىكى شېخىل سۇ باشلاش تۈگۈنى قۇرۇلۇشىغىچە بولغان چۈشۈش پەرقى 278 مېتىرغا يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قۇملاق دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا، كىچىكتاش جىلغىسى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە شېخىل سۇ باشلاش تۈگۈنى قۇرۇلۇشى قۇرۇلغان بولۇپ، چوڭتاش جىلغىسى توسمىسى پۈتكەندىن كېيىن، ئۈچ دەريا توسمىسى دەريا ئېقىنىنى تۆت بۆلەككە بۆلۈپ، يۇقىرى ئېقىنغا كۆچىدىغان بېلىقلارنىڭ يولىنى توسۇپ قويغان.

«قۇملاق دەرياسىدىكى بېلىقلارنىڭ توسمىدىن قانداق ئۆتۈپ يۇقىرى ئېقىنغا قايتىپ تۇخۇم تۇغۇپ كۆپىيىشى بىز ئالدىن ئويلاشقان مۇھىم مەسىلە.» سۇڭ شياۋجيەن مۇنداق دېدى: قۇملاق دەرياسىدا ئاساسلىقى يەتتە خىل يەرلىك بېلىق ياشايدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان سۇ ياۋايى ھايۋىنى — تارىم شىزوتوراكس بېلىقى ۋە چوڭ كالپۇكلۇق چىپار بېلىق بار، ھالبۇكى شىزوتوراكس بېلىقىنىڭ پەسىل خاراكتېرلىك، قىسقا ئارىلىقتا يۇقىرى ئېقىنغا كۆچۈپ تۇخۇم تۇغۇش ئادىتى بار.

بۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭ گېجوۋبا چوڭتاش جىلغىسى سۇچىلىق تۈگۈنى تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى مەخسۇس مەبلەغ چىقىرىپ، قۇملاق دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئاسراش سىستېمىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك بەرپا قىلىپ، ئەڭ تۆۋەن ئېقىندىكى شېخىل سۇ باشلاش تۈگۈنى قۇرۇلۇشى ئورنىدا بېلىقلارنىڭ يۇقىرى ئېقىنغا كۆچۈش يولىنى ياسىدى. چۈشۈش پەرقى چوڭ، سۇ ئېقىنى شىددەتلىك بولغاچقا، بېلىقلارنىڭ ئېقىنغا قارشى ئۈزۈشى قىيىن ئىدى، لايىھەلىگۈچىلەر بېلىقلارنىڭ يۇقىرى ئېقىنغا كۆچۈش يولىدىكى ئالتە جايدا «之» خېتى شەكىللىك ئەگرى يول لايىھەلەپ، بېلىقلارنىڭ ئوڭۇشلۇق يۇقىرى ئېقىنغا كۆچۈپ كۆپىيىشىگە قولايلىق ياراتتى.

«بېلىقلار ئوتتۇرا ئېقىندىكى كىچىكتاش جىلغىسى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى سۇ ئامبىرى رايونىغا ئۈزۈپ كەلگەندىن كېيىن، قانداق قىلغاندا يەنە چوڭتاش جىلغىسى توسمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ يۇقىرى ئېقىنغا بېرىپ تۇخۇم تۇغۇپ كۆپىيەلەيدۇ؟» سۇڭ شياۋجيەن مۇنداق دېدى: «بىز كىچىكتاش جىلغىسى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى زاۋۇت ئۆيىنىڭ ئارقا سۇ چىقىرىش ئېغىزىدا بېلىق يىغىپ توشۇش ئەسلىھەسى ياساپ، بېلىق باشلاش سۇ يولى ئارقىلىق بېلىق تۇتۇپ تىرىك بېلىق توشۇش ئاپتوموبىلىغا قاچىلاپ، چوڭتاش جىلغىسى توسمىسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنغا يۆتكەپ قويۇپ بېرىپ، قۇملاق دەرياسىدىكى بېلىقلارنىڭ يۇقىرى ئېقىنغا كۆچۈشىنىڭ راۋانلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى پىلانلىدۇق».

شۇ يەردىكى بېلىق تۈرلىرى تۈپىنىڭ كۆپ خىللىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ گېجوۋبا چوڭتاش جىلغىسى سۇچىلىق تۈگۈنى تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى يەنە چوڭتاش جىلغىسى سۇچىلىق تۈگۈنى بازىسى ئەتراپىدا مەڭگۈلۈك كۆپەيتىپ قويۇپ بېرىش پونكىتى قۇرۇپ، شىزوتوراكس بېلىقى، چوڭ كالپۇكلۇق چىپار بېلىق قاتارلىق بېلىق تۈرلىرىنى سۈنئىي كۆپەيتىپ قويۇپ بېرىشنى قانات يايدۇرۇشنى پىلانلىدى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

پايتەخت دەرۋازىسدىكى ماھىر رازۋېدكىچى: لى شۆگاڭ

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىجياجۇاڭ، 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر بەي مىڭشەن) لى شۆگاڭ، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شۈشۈي ناھىيەسىدىن، خەنزۇ، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، 1976 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، 1983 - يىلى 12 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، ئىلگىرى بېيجىڭ تۆمۈريول جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى بېيجىڭ ۋوگزالى جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىخانىسىدا خەلق ساقچىسى، مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى، بېيجىڭ ۋوگزالى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئۇچاستكىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى 5 - ئىدارىسىنىڭ مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى بولغان. 3 - دەرىجىلىك يېتەكچى ساقچى. 1993 - يىلى 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دېگەن نام بېرىلگەن.

1976 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، يولداش لى شۆگاڭ تىرىشچان ۋە ئەستايىدىل بولۇپ، ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇزاق مەزگىل ئاساسىي قاتلامدا جىنايى ئىشلار جىنايىتىگە زەربە بېرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە كۈرەش قىلىپ، كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 1500دىن ئارتۇق جىنايەتچى ئۇنسۇرنى قولغا ئالغان، بۇنىڭ ئىچىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان قاچقۇن جىنايەتچى ۋە ئېغىر، زور دېلو جىنايەتچىسىدىن 100دىن ئارتۇقى بولۇپ، ئۇ «پايتەخت دەرۋازىسدىكى ماھىر رازۋېدكىچى» دەپ تەرىپلەنگەن.

يولداش لى شۆگاڭ خىزمەتتە، جىنايەت ئۆتكۈزۈش پسىخىكىسىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، جىنايەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى ۋاقتىدا يەكۈنلىگەن. بېيجىڭ ۋوگزالى ئادەملەر مۇرەككەپ، يۆتكىلىشچانلىقى چوڭ ئاممىۋى سورۇن بولۇپ، نۇرغۇن يولۇچى ئارىسىدىن جىنايەتچى ئۇنسۇرنى بايقاش، پەرقلەندۈرۈشنى قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان كەسپىي ماھارەتنى ئىگىلىمەي تۇرۇپ، جىنايەت پائالىيىتىنىڭ قانۇنىيىتى، ئالاھىدىلىكىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئىشقا ئاشۇرۇش ناھايىتى تەس ئىدى. ئۇ جىنايەت پائالىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، خىزمەت جەريانىدا بىر تەرەپتىن، كۈرەش ئەمەلىيىتى تەجرىبىسى بار پېشقەدەم يولداشلاردىن تەلىم ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ خىزمەت خاتىرىسى يېزىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك تىپىك دېلو مىساللىرىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئانالىز قىلىپ سېلىشتۇردى.

ئۇ ھايات - ماماتلىق سىناق ئالدىدا، خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، مەردانە ھالدا قارا نىيەتلەر بىلەن باتۇرانە ئېلىشىپ، پىچاق تۇتقان قاتىللار بىلەن كۆپ قېتىم باتۇرلارچە تۇتۇشقان، باش قىسمى، بەل قىسمى ۋە قوۋۇرغىسى كۆپ قېتىم يارىلانغان بولسىمۇ، لېكىن جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ قېچىپ كېتىشىگە ھەرگىز يول قويمىغان. ئۇ ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، نام - مەنپەئەت قوغلاشماي، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەپ، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىپ، پاك، دۇرۇس بولۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن جىنايى ئىشلار رازۋېدكا خىزمىتىگە ئاتالانغان. 1993 - يىلى 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تيەنجىنگە بېرىپ دېلو بېجىرىش سەپىرىدە بەختكە قارشى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان.

يولداش لى شۆگاڭ 1978 - يىلدىن بۇيان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم تەقدىرلەنگەن، 11 قېتىم ئىلغار خىزمەتچى، تۆت قېتىم مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان، شەرەپ بىلەن بىر قېتىمدىن 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، 1981 -، 1984 -، 1988 - يىلى بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەمگەك نەمۇنىچىسى دەپ نام بېرىلگەن.

يۈ زېخۇا: قوراللىق قارا نىيەت ئالدىدا ئۇ ھاياتى بىلەن ئامانلىقنى قوغدىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چېڭدۇ، 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر چېن دى) يۈننەن ئۆلكىسى كۇنمىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى گۈەندۇ شۆبە ئىدارىسى چارلاش ئالاھىدە ساقچى چوڭ ئەترىتىدە، «جىددىي، قىيىن، خەتەرلىك، ئېغىر ئەھۋالدا ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار، ئاچقۇچلۇق پەيتتە مەن ئالدىدا ماڭىمەن» دېگەن 14 خەت ھەربىر ئەترەت ئەزاسىنىڭ دەستۇرى. ھەر قېتىم ئەترەتكە يېڭى ئەزالار كىرگەندە، چوڭ ئەترەت باشلىقى ۋاڭ جياڭخەي ھاياجانلانغان ھالدا: «كۆپ يىل ئىلگىرى، سەپدىشىمىز ياۋۇز قارا نىيەت ئالدىدا قىلچە قورقماي، چەكسىز ساداقىتى بىلەن ساقچى گېربىنىڭ شان - شەرىپىنى قوغدىغان، بىز داۋاملىق بۇ خىزمەت ئورنىدا ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن قەھرىماننى ئۈلگە قىلىپ، قەھرىماندىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك» دەيتتى.

ۋاڭ جياڭخەي تىلغا ئالغان سەپدىشىنىڭ ئىسمى يۈ زېخۇا بولۇپ، ھايات ۋاقتىدا يۈننەن ئۆلكىسى كۇنمىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى گۈەندۇ شۆبە ئىدارىسى ئالاھىدە ساقچى چوڭ ئەترىتى 2 - ئوتتۇرا ئەترىتى 3 - شۆبە ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن شۆبە ئەترەت باشلىقى بولغان، 1968 - يىلى 5 - ئايدا تۇغۇلغان، سىچۇەننىڭ فۇشۇن ناھىيەسىدىن.

ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى يۈ زېخۇا ئوقۇتقۇچى بولغان دادىسى ۋە مەكتەپتىكى مۇئەللىملەرنىڭ تەربىيەسىدە، تەدرىجىي ھالدا «ماھارەتنى ياخشى ئۆگىنىپ، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش» غايىسىنى تىكلىگەن. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئۇ ئەستايىدىل، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، تىرىشىپ ئىزدىنىپ، دائىم كېچىلەپ ئۆگىنىپ، نەتىجىسى ئىزچىل ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان. 1987 - يىلى 9 - ئايدا، يۈ زېخۇا يۈننەن ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئالىي تېخنىكوم مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن.

1990 - يىلى 7 - ئايدا، يۈ زېخۇا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، كۇنمىڭ ئالاھىدە ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ گۈەندۇ چوڭ ئەترىتىگە تەقسىم قىلىنىپ، ئالاھىدە ساقچى ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بولغان، ئۇزاق ئۆتمەي، ئالاھىدە ساقچى ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن تارماق ئەترەت باشلىقى بولغان. كەسپىي ساپاسى يۇقىرى، دېلو بېجىرىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇپ، خىزمەتنى قالتىس ئىشلەپ، قىسقىغىنا ئۈچ يىل ئىچىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 84 جىنايەتچىنى قولغا ئالغاچقا، يۈ زېخۇا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەتتە قېتىم كۇنمىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەت، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، گۈەندۇ رايونلۇق پارتكوم، رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن، رەھبەرلەر ۋە سەپداشلىرى ئۇنى شۆبە ئەترەتتىكى «تۆت داڭلىق ساقچى»نىڭ بىرى دەپ تەرىپلىگەن.

1994 - يىلى 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كەچتە، يۈ زېخۇا سەپدىشى لى خۇي بىلەن موتوسىكلىتلىق چارلاۋاتقاندا، سۆزلىشىش ئاپپاراتىدىن ساقچى مەلۇماتىنى ئاڭلىغان، ساقچى پەلتوسى ۋە پادىچى كىيىمى كىيگەن ئىككى قارا نىيەت قوراللىق بۇلاڭچىلىق قىلغان بولۇپ، قوماندانلىق مەركىزى چارلىغۇچىلاردىن بېرىپ توسۇشنى تەلەپ قىلغان.

دۈشمەن ئەھۋالىنىڭ ئۆزى بۇيرۇق. يۈ زېخۇا بىلەن لى خۇي موتوسىكلىتنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ، شەھەر ئەتراپىدىكى جياۋچاڭ شەرقىي يولىغا يېتىپ بارغاندا ئىككى قارا نىيەتنى بايقىغان. ئىككى قارا نىيەتنى قورشاپ تۇتۇش جەريانىدا، يۈ زېخۇانىڭ كۆكرىكىگە ئوق تەگكەن بولسىمۇ، يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن بىر قارا نىيەتنى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، لېكىن يارىسى بەك ئېغىر بولغاچقا، 25 يېشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

1994 - يىلى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، يۈ زېخۇاغا جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن؛ شۇ يىلى 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، يۈننەن ئۆلكىلىك پارتكوم تەرىپىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى، دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلىنغان، يۈننەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلانغان.

قەھرىمان مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن بولسىمۇ، جاسارىتى مەڭگۈ ھايات. كۇنمىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى گۈەندۇ شۆبە ئىدارىسى چارلاش ئالاھىدە ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ خەلق ساقچىسى ۋاڭ فېڭگاڭ مۇنداق دېدى: «چارلاش ئالاھىدە ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ پېشقەدەم ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ھەر قېتىم يولداش يۈ زېخۇانىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى ئەسكە ئالسام، يەنىلا ئىنتايىن ھاياجانلىنىمەن. چوڭ ئەترەتتىكى ئادەتتىكى ئالاھىدە ساقچى، پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئۆزۈمگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ، باشتىن - ئاخىر يولداش يۈ زېخۇانى ئۈلگە قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن خىزمەتكە ئاتىلىپ، مەيلى چارلاش نۆۋەتچىلىكى ياكى ئامانلىق ساقلاش بويىچە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بولسۇن، مەسئۇلىيىتىمنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئامانلىقنى قوغدايمەن!»

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى باغزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)